ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ھەقىقىي ياخشى پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا، چېن چۈەنگو ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت بەنزىسىگە ۋاكالىتەن تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، نۇقتىلىق ھالدا «بەش جەھەتتىكى پەرق»نى تېپىپ چىقىپ، ئىدىيە، خىزمەت، ئىستىل ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىنىڭ ئىدىيە مەنبەسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى توغرا تېپىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش، نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئاممىۋى مەيداندا چىڭ تۇرۇش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. چېن چۈەنگو باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇردى، دائىمىي كومىتېتتىكى باشقا ئەزا يولداشلار بىرمۇبىر ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك سۆزلىرىدە مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەت بىلەن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە تەتبىقلاپ، خىزمىتىگە تەتبىقلاپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، پەرق، يېتەرسىزلىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، كەمچىلىكنى ئېچىپ، ئەيىبىنى ئاشكارىلىدى، ئۆزئارا تەنقىد قىلغاندا باتۇرلۇق بىلەن مەسىلىنى ھەققىي كۆرسىتىپ، ھەققىي مەسىلىنى كۆرسەتتى، ئۆزئارا مۇنازىرە بولدى، ئۆتكۈر گەپلەر قىلىندى، يۈزلەر قىزاردى، تەر چىقتى، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يەتتى.

چېن چۈەنگو خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش مەڭگۈلۈك تېما، ئۆمۈرلۈك تېما. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش ھېسسىياتىنى، پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى دائىم قەلبىگە پۈكۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قايتا قوراللىنىپ، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ئۈنۈمى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، سىياسىيدا تېخىمۇ قەتئىي بولۇش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدە قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چەكلىگەننى قەتئىي قىلماسلىق، پارتىيەگە ئۆزىنى بېغىشلاش، دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش، پارتىيەگە جاۋاب قايتۇرۇش، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىشتە تېخىمۇ ئاڭلىق بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۇزاق مەزگىللىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى قەتئىي ئېتىقادقا، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا، ئىقتىدار ـ سەۋىيەگە ئايلاندۇرۇش، قانچە مۇشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ئېڭى، كۈرەش روھى، كۈرەش شىجائىتىگە ئايلاندۇرۇش، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، خىزمەتتە تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي، كەسكىن ھالدا زىممىگە ئېلىپ، «تۆھپىدە مەن بولمىساممۇ بولىدۇ، تۆھپە قوشۇشتا چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەك» دەيدىغان مەنزىلنى تۇرغۇزۇپ، «دۆلەتكە پايدىلىق بولسىلا، ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ باش تارتمايدىغان، بالاغا قېلىشتىن قورقمايدىغان، ئۆزىنى چەتكە ئالمايدىغان» مەسئۇلىيەتچانلىقنى ساقلاپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي باش شۇجى شى جىنپىڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان بۇرچ، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىشىمىز كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئىستىلدا تېخىمۇ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش كېرەك. مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھقا ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتىكى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئىستىلنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، تۆمۈردە، تاشتا ئىز قالدۇرىدىغان مىخ قېقىش روھى بىلەن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچەش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن قەتئىي غايە ـ ئېتىقاد ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خەلققە بولغان سەممىيى ھېسسىيات بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، مۇستەھكەم چاكارلىق ئېڭى ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە پۇختا يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ئويلاش، تەدبىر تۈزۈش، خىزمەتنى تۇتۇشتا ئامما ئارىسىدىن كېلىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىشتا چىڭ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ھەر مىللەت ئامما بىلەن ئوي ـ پىكرىدە بىللە بولۇپ، بىللە ئىشلەپ، چىن كۆڭۈل، سەممىي نىيەت بىلەن ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىن ئىشنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ھەققىي تۈردە تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئالتىنچىدىن، پاك ـ دۇرۇس بولۇشتا تېخىمۇ قاتتىق بولۇش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئۈچۈن ئەمەلىيەتچىل، پاك بولۇش سىياسىي خىسلىتىنى ساقلاپ، ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئومۇم بىلەن شەخس، ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەت، ھەق بىلەن ناھەق، ھېسسىيات بىلەن قانۇن، تۇغقاندارچىلىق بىلەن پاكلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ھەشەمەتچىلىك، مۇشەققەت بىلەن پاراغەت، پايدا بىلەن زىياننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يالغۇزلۇقتا، كىچىك ئىشلاردا، ھەۋەستە ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا ئېھتىياتچان بولۇپ، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئىمتىياز ئىدىيەسى ۋە ئىمتىياز ھادىسىسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بارلىق ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، پاك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، دۇرۇس ئىش قىلىپ، سەممىي ئادەم بولۇپ، پاك بولۇش، دۇرۇس بولۇش، سەگەك بولۇشتەك ئوبراز بىلەن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش كېرەك.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ ئىبرەت تەربىيەسى يىغىنى ئېچىلدى

ھەرىكەت ئارقىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى نۇرلاندۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ ئىبرەت تەربىيەسى يىغىنىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى ئېتىقاد، ئەقىدە ئەينىكىگە ياخشى قاراپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەققىي تۈردە ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىشى، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىشى، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىشى كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى ئەينىكىگە ياخشى قاراپ، باشلامچى بولۇپ پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىشى، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىشى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە نىزامنامىسىنى قوغداش، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئىجرا قىلىش مۇھىم بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. خەلق تۇرمۇشى، ئەلرايى ئەينىكىگە ياخشى قاراپ، «ھوقۇقنى خەلق بەرگەن، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك» دېگەن توغرا ھوقۇق قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە ھوقۇق ئىشلىتىش، ھوقۇقنى ئادىل ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىلغارلار، ئەجدادلار ئەينىكىگە ياخشى قاراپ، قابىلىيەت، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەنىۋى مەنزىلىنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز ـ ئۆزىگە سىرتماق سېلىش، ئادەمگەرچىلىك تورى، دەللال خەتەرلىك كۆۋرۈكى، ئاز ـ تولا ئىلتىپات، نەپلەردىن ئاگاھ بولۇپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ سادىق مۇستەھكەم، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، پاك ـ دۇرۇس سىياسىي خىسلىتىنى نۇرلاندۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ھەققىي تۈردە پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ياخشى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىدىيەۋى تەربىيەدە «چوڭقۇر» بولۇش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا «سالماق» بولۇش، ئىنتىزام ـ قانۇن چەكلىمىسىدە «قاتتىق» بولۇش، تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى «ئىللىق» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا ئىبرەت تەربىيەسى فىلىمى كۆرۈلدى ھەم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىن سىن شەكلىدە ناھىيە دەرىجىلىككىچە ئېچىلدى.

ئۈرۈمچى غەربىي رايون كۆزنەك تۈگۈنىنى تېز بەرپا قىلماقتا

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى تورىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئارىلىقتا توختايدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسىنى بىۋاستە ئۇچۇشقا ئۆزگەرتىش، خەلقئارا تېز سۈرئەتتە ئاۋىئاتسىيە رايونىدىن ئۆتۈش رايونىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلقئارا يولۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۇلاپ ئۇچۇش ئايروپىلان ئالمىشىش ۋاقتىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 مىنۇت قىسقارتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايلىنىش مۇلازىمەت كاپالەت سەۋىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ دەرىجىسىنى كۆتۈردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇب ئاۋىئاتسىيەسى شىنجاڭ ئىچىدە چاتما ئۇچۇش ۋە ئايلىنىپ ئۇچۇش لىنىيەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، غۇلجىدىن قەشقەرگىچە، قەشقەردىن ئالتايغىچە، ئالتايدىن غۇلجىغىچە بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ئارىلىقىدا ئوخشاش ئايروپىلاندا ئالمىشىش، شۇ كۈندە ئالمىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە نۇقتىلىرى تولۇق قاپلىغان شىنجاڭ ئىچىدىكى تارماق لىنىيە ئايرودروملىرى ئارىسىدىكى چاتما ئۇچۇش لىنىيەسىنى ئېچىپ، شىنجاڭدا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا، كورلىدىن ئىبارەت بەش چوڭ تېز لىنىيە سۈپەتلىك ماركىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان بىر سائەت ئەتراپىدىكى ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى غۇلجا، ئالتاي، قاناس، نارات، كۆكتوقاي قاتارلىق نۇقتىلىق شەھەرلەر ۋە داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىنى قاپلاپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھەتچىلىكنى تېخىمۇ قولايلىقلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايلىنىپ ئۇچۇش ۋە چاتما ئۇچۇش لىنىيەلىرىمۇ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىساد ـ سودا، يېمەك ـ ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، قونالغۇ قاتارلىق كەسىپلىرىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھەتچىلىكىگە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ئېلىپ كەلدى.

2019 ـ يىلى يازلىق ئاۋىئاتسىيە پەسلىدە، جەنۇب ئاۋىئاتسىيەسىنىڭ شىنجاڭدا ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى 104 بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەنى ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى 20، دۆلەت ئىچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى 66، خەلقئارا ھەم رايون ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى 18 بولۇپ، قاتناش نۇقتىسى 79غا يەتتى. جەنۇب ئاۋىئاتسىيەسى شىنجاڭ بازىرىنى چۆرىدەپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن، چېڭدۇ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىسلامئاباد، لاھور ئاۋىئاتسىيە لىنىيەلىرىنى يادرو قىلغان، دۆلەت ئىچىدىكى 43 شەھەر، شىنجاڭ ئىچىدىكى 19 شەھەر، ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى 16 خەلقئارا شەھەر، بىر رايون شەھىرى بىلەن ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى تورى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭدا 140 مىڭ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2019 ـ يىلى مەركەز مالىيەسىنىڭ 2 مىليارد 131 مىليون يۈەن يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى تولۇقلىما ياردەم مەبلىغىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لىرىگە تەقسىملەپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 92%ى نامرات ناھىيەلەرگە تەقسىملەنگەن. تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەر، يېزىلاردىكى تارقاق بېقىلىۋاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار، نامرات مېيىپلەر ئائىلىلىرى ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر قاتارلىق تۆت تۈرلۈك «نۇقتىلىق ئوبيېكت»لارنىڭ ساقلانما مىقداردىكى خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ئېغىر نامرات رايونلاردىكى باشقا دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىكەن. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا 400 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق خەتەرلىك ئۆي چېقىلىپ بولغان ھەم 2019 ـ يىللىق ئۆي سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 9355 نامرات ئائىلىنىڭ خەتەرلىك ئۆيىنى باھالاش خىزمىتى تاماملانغان.

ئاپتونوم رايونلۇق سابىق دېھقانچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر

ئەكبەر غوپۇر ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

گېزىتىمىز خەۋىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغان: ئاپتونوم رايونلۇق سابىق دېھقانچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر ئەكبەر غوپۇر ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى

داڭ فېڭ ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

گېزىتىمىز خەۋىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغان: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى داڭ فېڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.